قەدىرلىق دوستلار،

پويىز سەپىرى نەقەدەر ياخشى! ئەگەر بىر ئاز ئۇزۇنراق سەپەر قىلىدىغان بولسىڭىز... دەرىزىدىن تاشقىرىنى، تاغ-ئېدىرلارنى، ئېتىز-ئورمانلارنى، دەريا-سايلارنى كۆرۈپ ماڭىسىز. زېرىكسىڭىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، پويىزنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ. پويىزدا سەپەر قىلىش پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىشتۇر.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى قىرغىزستاننىڭ بىر كىچىك ۋە گۈزەل يېزىسىدا قوي باقىدىغان ئەخمەت ئىسىملىك بىر كىچىك پادىچى بار ئىدى. بىر كۈنى ئاسمان كۆپ-كۆك، هاۋا ناهايىتى ئوچۇق بولۇپ، قۇياش ئالتۇندەك نۇرىنى ئەتراپقا سېخىلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. ئەخمەت نېيىنى چېلىپ، قويلىرىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقىنىدا، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر مەنزىرىگە بىردىن كۆزى چۈشتى. يېزىنىڭ يېنىدىكى ساينىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر يول كۆۋرۈكى يوق تۇراتتى. كۆۋرۈك قانداقتۇ ئولتۇرۇشۇپ، رېلىسلار ئۇياق بۇياققا چېچىلىپ ياتاتتى. ئەخمەت تېڭىرقاپ قالدى، چۈنكى پويىز بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە يېرىم سائەتلا قالغانىدى!

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ قويلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، پويىز كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بىر ئامال قىلىپ پويىز كۆۋرۈككە كەلمەستە ئۇنى توختىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا نەچچە يۈز كىشى يارىلىناتتى ۋە بىر مۇنچىسى هاياتىدىن ئايرىلاتتى. ئەخمەت شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، جىددىيلىشىپ قۇرقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاي دەپ قالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يىراقتىن پويىزنىڭ ئۇنىڭغا تونۇش گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلاندى، ماتورنىڭ ئاۋازىمۇ پويىز يېقىنلىغانسېرى تېخىمۇ دەهشەتلىك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، نېرىدا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن گويا يىلاندەك كېلىۋاتقان پويىز كۆرۈندى. ئەخمەت پويىز يېتىپ كەلمەستە رېلىسلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇ شوپۇرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشىنى ۋە پويىزنى توختىتىشىنى شۇنداق تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى! شوپۇر بۇ كىچىك بالىنى كۆرۈشىنىمۇ كۆردى، لېكىن هەر قېتىمقىدەك، پويىزغا قول پۇلاڭلىتىپ گېزىت تەلەپ قىلىدىغان بالىلاردىن بىرى دەپ قاراپ، ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. پويىز ئەخمەتكە يېقىنلاشقاندا، شوپۇرمۇ ئەخمەتنىڭ قول پۇلاڭلىتىشىغا قول پۇلاڭلىتىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئەخمەت قانداق قىلسۇن؟ كىچىك پادىچى شۇنچە تىرىشچانلىقىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق بىر ئوي كەلدى. ھالبۇكى پويىز توختىمايتتى. ئۇنى ئۆزى توختىتىشى كېرەك ئىدى. پويىز ئەخمەتنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقاندا ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا رېلىسلارنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى.

قالغىنىنى ئېيتىشنىڭ ئانچە ھاجىتى بولمىسا كېرەك، شوپۇر پويىزنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى قىلسىمۇ، ئەخمەتنى باستۇرماي توختىتالمىدى، چۈنكى بۇنىڭغا بەك كېچىككەنىدى. پويىز ئەخمەتنى بېسىپ ئۆتۈپ تەخمىنەن يۈز مېترچە مېڭىپ بېرىپ توختىدى. دېمەك شاكىچىك ئەخمەت نەچچە يۈز كىشىنى قېچىپ قۇتۇلغۇسىز بىر پالاكەتتىن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قۇتقۇزۇۋالدى! پويىز توختىغاندىن كېيىن شوپۇر سەللا نېرىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە، كىچىك پادىچىنىڭ نېمە دېمەكچى ۋە قانداق قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى چۈشەندى.

قەدىرلىك دوستلار، بۇ ۋەقەلىكتە ئېيتىلغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدى. ئۇلۇغ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك سۆزى بولغان قۇتقۇزغۇچى ئەيسا دەل پادىچىدەك، ھاياتىنى گۇناھلىرى تۈپەيلى مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان بىز ئىنسانلارنى قۇتقۇزۋېلىش ئۈچۈن ئاتىدى. ئەيسا مەسىھ (مەسىھ ـ كۈتۈلگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ نامىدۇر) دۇنياغا كېلىپ ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدى. ھايات كەچۈردى، لېكىن ھېچ قانداق گۇناھ سادىر قىلمىدى. خۇدانىڭ سۆزىنى تارقاتتى، مۆجىزىلەر ياراتتى، ھەممە كىشىگە ياخشىلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بولۇپمۇ يەھۇدىي موللىلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغاندى. ئاخىرىدا كرېستقا مىخلاندى.

ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىر قازا ئەمەس، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ قىلىنغان مەقسەتلىك قۇربانلىق ئىدى. شۇنداق بولىدىغانلىقىنى قۇتقۇزغۇچى ئەيسا ئۆزى ئالدىن ئۇقتۇرغانىدى. قۇتقۇزغۇچى ئەيسا رازىمەنلىك بىلەن سىزنىڭ، مېنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ كرېستكە چىقتى. بىزنىڭ جازايىمىزنى تارتتى. بىزنىڭ ئورنىمىزغا قۇربان بولدى. ئۆلۈمدىن ئۈچ كۈن كېيىن ئۇ تىرىلدى. نەتىجىدە خۇدا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان كىشىنى ئاقلايدۇ.

كۆپىنچىمىز گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىزنى قەيەرگە ئېلىپ

بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىز ياخشىلىق قىلىپ ساۋاب ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ ياخشى ئادەم بولۇپ، ئامانلىققا ئېرىشىمىز دەپ ئويلايمىز. ئەسلىدە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز دەل ئاشۇ پويىزدىكىلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدۇ. خۇدانىڭ سۆزى بولغان ئۆزگەرمەس ئىنجىل گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈمدۇر ۋە گۇناھ قىلغان جان ئۆلىدۇ، دەيدۇ.

شەيتان بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىز، زىيان تارتماسلىقىمىزنى ئويلىشىمىزنى خالايدۇ، لېكىن شۇ ئارقىلىق ئىنساننى ئالداش ۋە دوزاخقا ئەۋەتىش، شەيتاننىڭ بىردىنبىر ئويىدۇر. ھالبۇكى ئەيسا مەسىھ بىز بىر قۇتقۇزغۇچىغا مۇھتاجلىقىمىزنى تېخى
كۆرمىگەن، چۈشەنمىگەن ۋاقتىمىزدا بىزنى مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئاتىدى.

ئۇنداقتا بۈگۈن ئەيسا مەسىھ بىزدىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى - بۇ ھەقسىز نىجاتلىق ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىشىمىزدۇر. ئۇ بىزنى ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى تېخى چۈشىنىشـ -ـمىزدىن ئاۋۋال ئۆز مېھىر- مۇھەببىتىنى بىزگە يەتكۈزدى. بىز ئۇچرايدىغان ئاقىۋەتكە ئۆزى ئۇچرىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداق قىلىمىز؟ بىز قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ تەڭداشـ ـسىز مېھىر-مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىشدۇر. سىز بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىشنى خالامسىز؟

قەدىرلىك دوستلار، بۇ ئېيتقانلىرىم ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس سۆزى بولغان ئىنجىلنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن مۇشۇ خەۋىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەگەر سىز ھازىرغىچە ئىنجىلنى ئوقۇمىغان بولسىڭىز بىزدىن سوراڭ ئىنجىلنى ئۆزىڭىز ئوقۇڭ، تەتقىق قىلىڭ.

بىزنىڭ ئادرېسىمىز